# باش مەمۇرنىڭ شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتىنى يېتەكلەپ قانۇن بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىنى قەتئىي قوللايمىز

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

يېقىندا، شياڭگاڭدا نامايىش قىلىپ كۈچ كۆرسىتىش ۋە زوراۋانلىق بىلەن ھۇجۇم قىلىش ھەرىكەتلىرى سىجىل يۈزبېرىپ، شياڭگاڭنىڭ قانۇنچىللىق، جەمئىيەت تەرتىپى، ئىقتىساد ـ خەلق تۇرمۇشى ۋە خەلقئارا ئوبرازىغا قارىتا ئېغىر تەسىر پەيدا قىلىپ، شياڭگاڭغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، شياڭگاڭنى قەدىرلەيدىغان بارلىق كىشىلەرنى ھەسسىلەپ ئېچىندۇردى. بولۇپمۇ ئاز ساندىكى رادىكال ئۇنسۇرلار يولغا قويغان زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرى شياڭگاڭنىڭ گۈللەنگەن، مۇقىم چوڭ ۋەزىيىتىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزدى، شياڭگاڭنىڭ قانۇنچىللىق ۋە جەمئىيەت تەرتىپىگە ئېغىر دەرىجىدە خىرىس قىلدى، شياڭگاڭ شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ئېغىر دەرىجىدە تەھدىت سالدى، شۇنداقلا «بىر دۆلەتتە ئىككى تۈزۈم بولۇش» پىرىنسىپىنىڭ تۆۋەن چېكىگە ئېغىر دەرىجىدە چېقىلدى. بۇنىڭغا ھەرگىز تاقەت قىلىپ تۇرۇشقا بولمايدۇ، شۇنداقلا ھەرگىز يۇمشاق قوللۇق قىلىشقىمۇ بولمايدۇ.

قانۇنچىللىق شياڭگاڭلىقلارنىڭ پەخىرلىنىدىغان يادرولۇق قىممىتى، شياڭگاڭنىڭ ياخشى تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنىڭ ئاساسى، شياڭگاڭنىڭ گۈللىنىش، مۇقىملىقنى ساقلىشىنىڭ مۇھىم ئۇل تېشى، ئاز بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ تەپتارتماي خالىغانچە دەپسەندە قىلىشىغا ھەرگىز يول قويغىلى بولمايدۇ. قانۇن چىقىرىش كېڭىشىگە ھۇجۇم قىلىش ھەم ھەدەپ بۇزغۇنچىلىق قىلىش، دۆلەت گېربىگە ئاشكارا داغ تەگكۈزۈپ زىيان يەتكۈزۈش، ساقچى باش ئىشتابىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، ساقچىلارنى قاتتىق ئۇرۇش، زىيانكەشلىك قىلىش، خەتەرلىك بۇيۇملار ۋە كۆپ مىقداردىكى ھۇجۇم خاراكتېرلىك قوراللارنى قانۇنسىز ساقلاش، دۆلەت بايرىقىغا ھاقارەت قىلىش... تۈرلۈك رەزىل قىلمىشلار تىنچ نامايىش قىلىپ كۈچ كۆرسىتىش دائىرىسىدىن پۈتۈنلەي ھالقىپ كەتتى. ھەرقانداق مەدەنىي ۋە قانۇنچىل جەمئىيەت بۇنىڭغا تاقەت قىلىپ تۇرمايدۇ. مەركىزىي ھۆكۈمەت باش مەمۇر لىنجېڭ يۆئېنىڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتىنى يېتەكلەپ قانۇن بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىنى قەتئىي قوللايدۇ، شياڭگاڭ ساقچى تەرەپنىڭ قانۇننى كەسكىن، ئادىل ئىجرا قىلىشىنى قەتئىي قوللايدۇ، شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى ۋە ئەدلىيە ئاپپاراتلىرىنىڭ زوراۋان جىنايەتچى ئۇنسۇرلارنى قانۇن بويىچە جازالىشىنى قەتئىي قوللايدۇ، ۋەتەننى، شياڭگاڭنى سۆيىدىغان زاتلارنىڭ شياڭگاڭنىڭ قانۇنچىللىق ۋە جەمئىيەت تەرتىپىنى قوغداش ھەرىكىتىنى قەتئىي قوللايدۇ.

شۇنى كۆرۈش كېرەككى، ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتىنىڭ «قاچقۇن جىنايەتچىلەر نىزامى» ۋە «جىنايى ئىشلار ئىشلىرىدا ئۆزئارا قانۇن ياردىمى بېرىش نىزامى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈشتىكى دەسلەپكى مەقسىتى ھازىر بار قانۇن ـ تۈزۈملەردىكى يوچۇقلارنى تولدۇرۇپ، جىنايەتكە ئورتاق زەربە بېرىپ، ھەققانىيەتنى نامايان قىلىش بولۇپ، مەركەز بۇنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. نىزامغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش جەريانىدا جەمئىيەتتە بىر قەدەر چوڭ ئىختىلاپ پەيدا بولغانلىقى ھەمدە كۈچ كۆرسىتىش نامايىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتى جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقىنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن نىزامغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشنى ۋاقىتىنچە كېچىكتۈرۈشنى قارار قىلدى، مەركەزمۇ بۇنى قوللايدىغانلىقىنى، چۈشىنىدىغانلىقىنى ۋە ھۆرمەتلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ قېتىمقى نىزامغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش خىزمىتىدە ساقلانغان يېتەرسىزلىكلەرگە قارىتا، ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتى ئەستايىدىل خۇلاسىلىدى ۋە قايتا ئويلاندى، باش مەمۇرمۇ تېخىمۇ ئېچۇۋېتىشچان، تېخىمۇ سىغدۇرۇشچان ھالدا خەلق رايىنى ئاڭلايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. لېكىن، «دەرەخ جىم تۇراي دېسىمۇ، شامال جىم تۇرغۇزمايتۇ»، بىر قىسىم رادىكال ئۇنسۇرلار يەنىلا «نىزامغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە قارشى تۇرۇش»نى باھانە قىلىپ، ئۈزلۈكسىز زوراۋانلىق ۋەقەلىرىنى قوزغىدى، پەيدا قىلدى، ئەسەبىي قىلمىشى بىلەن ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتىگە تەھدىت سالماقچى بولدى، ھەتتا «بىر دۆلەتتە ئىككى تۈزۈم بولۇش»نىڭ تۆۋەن چېكىگە ئاشكارا خىرىس قىلدى، بۇ پۈتۈنلەي «جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا» بولغانلىقتۇر.

ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ۋە ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتىنىڭ «قوش باشلىق»ى بولۇش سۈپىتى بىلەن، باش مەمۇر شياڭگاڭنىڭ «بىر دۆلەتتە ئىككى تۈزۈم بولۇش» فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە ئېگىزلىك قانۇننى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى بىرىنچى جاۋابكار كىشى. باش مەمۇر لىنجېڭ يۆئېي 2017 ـ يىلى ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن بۇيان، ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇش، ئىدارە قىلىش كوللېكتىپىنى يېتەكلەپ، پائال ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، شياڭگاڭنىڭ دۆلەتنىڭ تەرەققىيات چوڭ ۋەزىيىتىگە سىڭىپ كىرىشىگە تۈرتكە بولۇش جەھەتلەردە نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىدى، بۇلار ھەممىگە ئايان. مەركەز باش مەمۇر لىنجېڭ يۆئېغا تولۇق ئىشىنىدۇ، ئۇنىڭ خىزمىتىنىمۇ تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. مەركىزىي ھۆكۈمەت باش مەمۇر لىنجېڭ يۆئېي ۋە ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇن بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىنى قوللاش مەيدانىدىن قەتئىي ئېغىشمايدۇ، قىلچە تەۋرەنمەيدۇ.

ھەرقانداق بىر جاي تەكرار ئازابلاشقا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، سىجىل داۋالغۇشقا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. جەزمەن كۆرۈش كېرەككى، شياڭگاڭ مالىمان بولۇۋەرسە، پۈتۈن جەمئىيەت «بەدەل تۆلەيدۇ». ھازىر، شياڭگاڭ ۋەزىيىتىدە ئەڭ خەتەرلىك بولغىنى — زوراۋانلىق، ھۇجۇم قىلىش ھەرىكەتلىرى تېخى ئۈنۈملۈك توسۇلمىدى، شياڭگاڭنىڭ نۆۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى — زوراۋانلىق جىنايى قىلمىشلىرىنى قەتئىي قانۇن بويىچە جازالاپ، جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقىنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، شياڭگاڭنىڭ ياخشى قانۇنچىللىقىنى قوغداش. ئىشىنىمىزكى، مەركەزنىڭ قەتئىي قوللىشىدا، باش مەمۇر لىنجېڭ يۆئېي ۋە ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتى جاسارەتلىك ـ ياراملىق بولىدۇ، شياڭگاڭنىڭ ساقچى ئەترىتى قانۇننى كەسكىن، ئادىل ئىجرا قىلىدۇ، ۋەتەننى، شياڭگاڭنى سۆيىدىغان كەڭ زاتلار بىردەك ئىتتىپاقلاشسا، شياڭگاڭ جەمئىيىتىنىڭ قانۇنچىللىقى ۋە تەرتىپى چوقۇم تېزدىن ئەسلىگە كېلىدۇ، شياڭگاڭ شەھەر ئاھالىلىرى چوقۇم قايتىدىن تىنچ، خاتىرجەم تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولالايدۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

# خەلقئارا قائىدىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا بولمايدۇ

## —— ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىغانلىقىغا باھا

□ جۇڭ شېڭ

گېپى بىر يەردىن چىقمىسىلا «توپتىن چېكىنىپ چىقىش»، خالىغانچە كۆپ دۆلەت بىلەن سودا سۈركىلىشى قوزغاش، دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ قائىدىسىگە ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلىش...ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن خەلقئارا قائىدىنى كۆزگە ئىلمايدىغان كۈلكىلىك ئويۇنلارنى ئوينىشى ئۇلارنىڭ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدىغان، تۆۋەن چەككە خىرىس قىلىدىغان زومىگەرلىك ماھىيىتىنى ئاشكارىلاپ بەردى. يېقىندا ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر ھەددىدىن ئېشىپ، دۇنيا سودا تەشكىلاتىدىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەزالارنىڭ ئورنى مەسىلىسى توغرىسىدا ئەسلەتمە ئېلان قىلىپ، دۇنيا سودا تەشكىلاتىدىن 90 كۈن ئىچىدە قائىدىنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلدى، بولمىسا ئامېرىكا تەرەپنىڭ ئۆز ئالدىغا ھەرىكەت قوللىنىش ئېھتىمالى بارمىش. تەرتىپنى كۆزگە ئىلماي، قائىدىنى بۇزىدىغان بۇنداق ھەرىكەت خەلقئارا جەمئىيەتتە ئومۇميۈزلۈك ئەندىشە پەيدا قىلدى: ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر ئەجەبا راستىنلا بىر مەيدان «يەر شارىۋى سودا ئۇرۇشى» قوزغىماقچىمۇ؟

قائىدىنى ئاساس قىلغان كۆپ تەرەپلىك سودا تۈزۈلمىسى ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىشى ۋە ئەركىن سودىنىڭ ئۇل تېشى، ئۇ ھەرقانداق بىر ئەزا ياكى ئاز ساندىكى بىرقانچە ئەزانىڭ خۇسۇسىي مۈلكى ئەمەس، ئۇنىڭ نوپۇزى ۋە ئۈنۈمى ھۆرمەتكە ۋە قوغداشقا ئېرىشىشى كېرەك. دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ 164 ئەزاسى ئىچىدە، ئۈچتىن ئىككى قىسمىغا يېقىنى تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەزا. «ئالاھىدە ۋە پەرقلىق مۇئامىلە» دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ يادرولۇق قىممىتى ۋە ئاساسىي پىرىنسىپىنىڭ مۇھىم ئىپادىسى، ئۇنىڭ مەقسىتى تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەزالارنىڭ ئادىل مۇئامىلىگە ئېرىشىشىنى قوغداش. دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ كۆپ ساندىكى ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى دۇنيا سودا تەشكىلاتىنى قانداق ئىسلاھ قىلىشتىن قەتئىينەزەر، بۇ يادرولۇق قىممەت ۋە ئاساسىي پىرىنسىپنى جەزمەن قوغداش كېرەك، دەپ تەشەببۇس قىلىدۇ. ھەرقانداق قائىدىنى تۈزۈش ۋە تۈزىتىشتە، جەزمەن دۇنيا سودا تەشكىلاتى ئەزالىرىنىڭ ئومۇمىي ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىش كېرەك. دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ قائىدىسىنى كۆزگە ئىلمايدىغان ھەرقانداق كەسكىن ھەرىكەتنىڭ ھەممىسى ھەققانىيەتتىن چەتنەپ كەتكەنلىك بولىدۇ.

ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر ئۆزلىرى دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ سۇنغان تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەزالارنىڭ ئورنى مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئىككى پارچە تەكلىپ لايىھەسىنىڭ زادى نېمە سەۋەبتىن ئومۇميۈزلۈك قارشىلىققا ئۇچرىغانلىقىنى ئەستايىدىل ئويلىنىپ بېقىشى كېرەك. روشەنكى، ئۇلار ئەلرايى تەرەپتە تۇرمىسا، ھەققانىيەت تەرەپتە تۇرمىسا، مۇقەررەر ھالدا ھەممىلا يەردە تۇمشۇقىغا يەيدۇ، مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ.

خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ھەرقانداق بىر ئەزاسى ھوقۇق بىلەن مەجبۇرىيەتنىڭ ئۆزئارا ماسلىق مۇناسىۋىتىگە سەل قارىسا بولمايدۇ. نۆۋەتتە، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر پۈتۈن ئەس ـ يادى بىلەن دۇنيا سەھنىسىدە ھوقۇقنى قانداق قىلىپ «ئىنتايىن زور دەرىجىدە قالايمىقان ئىشلىتىش» كويىدا بولۇۋاتىدۇ، چېكىدىن ئاشقان شەخسىي مەنپەئەتپەرەسلىك چەكسىز كېڭىيىۋاتىدۇ، ئامېرىكىنىڭ بىر چوڭ دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن زىممىسىگە ئالىدىغان خەلقئارا مەجبۇرىيىتىنى ئەسلا ئويلاشمايۋاتىدۇ. ئۇلار ھەتتا: خەلقئارا مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىش «ئامېرىكىنىڭ زىيان تارتىشى»غا باراۋەر، دەپ قاراۋاتىدۇ. ئۇلار ئاتالمىش ئادالەت، ھەققانىيەت نامى بىلەن قائىدىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈشنى تەرغىب قىلىۋاتىدۇ، نېمىنىڭ ئادىللىق، ھەققانىيلىق ئىكەنلىكىگە ئەزەلدىن پىسەنت قىلمايۋاتىدۇ، ئۆزىنىڭ «دۇنيادا بىرىنچى»لىك ئورنىنى ساقلاپ قېلىشنى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان مۇھىم ۋەزىپە، دەپ قاراۋاتىدۇ.

قائىدىنى كۆزگە ئىلماسلىق لەۋزىدە تۇرماي ئەھدىگە خىلاپلىق قىلىش بولۇپ، مۇقەررەر ھالدا ھەققانىيەتنىڭ ئەيىبلىشى ۋە قانۇنىيەتنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ. ئامېرىكا تەرەپنىڭ كۆپ قېتىم دۇنيا سودا تەشكىلاتى نارازىلىق ئەرز ئورگىنى سودىيەسىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەشكە توسقۇنلۇق قىلىپ، نارازىلىق ئەرز ئورگىنىنى ئادەم يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن توختاپ قېلىشتەك قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقىغا قارىتا، دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ 114 ئەزاسى 6 ـ ئايدا بىرلەشمە بايانات ئېلان قىلىپ، ئامېرىكىدىن دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ ئەدلىيەلىك ۋەزىپىگە تەيىنلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىشنى دەرھال توختىتىشنى تەلەپ قىلدى. ئامېرىكىنىڭ كىلىمات ئۆزگىرىشى «پارىژ كېلىشىمى»دىن چېكىنىپ چىقىشى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ ـ پەن ـ مەدەنىيەت ئورگىنىدىن چېكىنىپ چىقىشى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىدىن چېكىنىپ چىقىشى، ئىران يادرو مەسىلىسى ئومۇميۈزلۈك كېلىشىمىدىن چېكىنىپ چىقىشىغا قارىتا... خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تەنقىد ساداسى سىجىل ئۈزۈلمىدى. ئامېرىكا پېتېرسون خەلقئارا ئىقتىساد تەتقىقات ئورنىنىڭ بىرلىشىپ قۇرغۇچىسى فرېد بېرگستېننىڭ قارىشى ناھايىتى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە — ئامېرىكىنىڭ بىر تەرەپلىمە ئۇسۇلى «ئۆزىنى يېتىم قالدۇرۇش» بولۇپ، ھېچقانداق دۆلەت ئۇنىڭغا ئەگەشمەيدۇ.

قائىدە بويىچە ئىش قىلمىسا، ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ. 21 ـ ئەسىردە، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە تايىنىش دەرىجىسى مىسلىسىز زىچلاشتى، يەر شارىۋى ئىدارە قىلىشنى ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىش ئېھتىياجى مىسلىسىز تەخىرسىزلەشتى، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئەزالىرى ئورتاق تۈزگەن ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان خەلقئارا قائىدىنى بۇزۇشقا بولمايدۇ. شەخسىي مەنپەئەتنى خەلقئارا قائىدىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ، يەككە تەرەپچىلىك بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىدىغان ھەرقانداق قىلمىش مۇقەررەر مەغلۇپ بولىدۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

# مېھر ـ مۇھەببەت ئۈن ـ تىنسىز، تۆھپە قوشۇش ئەڭ گۈزەل

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ساياھەت خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، يىن لىشىن بۇ ئويلىرىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ نەق مەيدانغا بېرىپ زىيارەت قىلىپ ھەربىر مەنزىرە رايونىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىدى ھەم ساياھەت ئومۇمىي يىرىك پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

«پىچاننىڭ ساياھەت بايلىقى مول، لېكىن ھەرقايسى چوڭ مەنزىرە رايونلىرىنىڭ ئۇل ئەسلىھەلىرى يەنىلا مۇكەممەللەشتۈرۈشكە موھتاج، بۇنىڭدىن باشقا، تاشقى تەشۋىقاتمۇ ناھايىتى مۇھىم. يارقىن نۇقتىنى كۆپرەك تېپىپ، پىچاننى كۆپچىلىكنىڭ ئېسىدە قالدۇرۇش كېرەك. مەسىلەن، تۇرپاندا ئەتىياز پەسلى ناھايىتى بالدۇر كېلىدۇ، بىز سىرتتىن كەلگەن ساياھەتچىلەرنى چېچەك سەيلىسى قىلىشقا، قۇم تاغقا يامىشىشقا تەكلىپ قىلساق بولىدۇ.» يىن لىشىن ئەسلەپ مۇنداق دېدى: ئەينى يىلى پىلانلىغان «قۇملۇقتا باھار» يۈرۈشلۈك پائالىيەتلىرى ساياھەتچىلەرنى كەينى ـ كەينىدىن كېلىشكە جەلپ قىلىپ، پىچان ناھىيەسىنىڭ ساياھەتچىلىك كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولغانىدى.

بۈگۈنكى كۈندە، پىچاننىڭ ساياھەتچىلىكتە ئىشىك بېلەتتىن قىلغان كىرىمى يىلىغا 80%لىك سۈرئەت بىلەن ئاشتى. ساياھەتچىلىك كەسپى ئەمەلىي بولغان خەلقنى بېيىتىدىغان كەسىپكە، بەختكە ئېرىشتۈرىدىغان كەسىپكە ئايلاندى، ناھىيە رايون ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشى ۋە ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىپ كىرىمىنىڭ ئېشىشىدىكى يارقىن نۇقتىغا ئايلاندى.

### ■ ئاممىنى تېخىمۇ بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش

«قاتناش تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى، قاتناش گۈللەنسە، ھەممە كەسىپ گۈللىنىدۇ، بۇ خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايدۇ» دېدى يىن لىشىن.

2016 ـ يىلىدىن باشلاپ، يىن لىشىننىڭ سىيماسى كۆپرەك يول قۇرۇلۇشى نەق مەيدانىدا پەيدا بولدى. يىن لىشىن دائىم يول قۇرۇلۇشى بىرىنچى سېپىدە ئىشچىلار بىلەن بىرلىكتە توملۇز ئىسسىق ۋە قۇم ـ بورانىنىڭ ھەمراھلىقىدا، بۆلەكمۇبۆلەك يول قۇرۇلۇشىنى تاماملايدۇ. 2017 ـ يىلىغا قەدەر، پىچان ناھىيەلىك قاتناش ـ ترانسپورت ئىدارىسى 600 كىلومېتىردىن ئارتۇق يولنى راۋانلاشتۇردى ۋە رېمونت قىلىپ تۈزلىدى، پىچان ناھىيەسىنىڭ قاتنىشى ناھايىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. خۇنەندىن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشكە كەلگەن بۇ كادىرمۇ شۇ جايدىكى ئاممىنىڭ ئېسىدە مەھكەم ساقلىنىپ قالدى.

قاتناشتىن سىرت، يىن لىشىن يەنە ئاھالىلەرنىڭ تۇرالغۇ مۇھىتىنى ياخشىلاش ۋە تۇرمۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى، پائال تىرىشىش ئارقىلىق، پىچان ناھىيەسىنىڭ لۈكچۈن بازىرى، پىچان بازىرى، تۇيۇق قاتارلىق گۈزەل يېزا ـ كەنت قۇرۇلۇشى تۈرلىرى كۆپ قېتىم پۈتۈن شەھەرنىڭ ئېكسكۇرسىيە قىلىپ ئۆگىنىش نۇقتىسى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. 2017 ـ يىلى، پىچان ناھىيەسىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يېشىللىق كۆلىمى 12.43 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، دۆلەتلىك باغ ـ ئورمان ناھىيە شەھىرى قاتارىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك كىردى.

كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلەش خىزمەتداشلارنىڭ يىن لىشىننىڭ خىزمەت ۋاقتىغا بولغان تەرىپلىشى، يىن لىشىن كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: مېنىڭ خىزمىتىم نىشانلىق ياردەمگە ئېرىشىۋاتقان جايلاردىكى پۇقرالارنىڭ بەخت كۆرسەتكۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش.

2014 ـ يىلى ئەترەت بىلەن بىللە شىنجاڭغا كەلگەندىن باشلاپ، ھەققانىيەت يولىدىن قايتماي تەشەببۇسكارلىق بىلەن شىنجاڭدا قىپقالغۇچە، قۇملۇق، چۆل ـ باياۋان ۋە شەھەر ـ بازاردىكى قۇرۇلۇش مەيدانلىرىدا جاسارەت بىلەن جەڭ قىلغان يىن لىشىن، باشتىن ـ ئاخىر نىشانلىق ياردەمگە ئېرىشىۋاتقان جايلاردىكى ئاممىنى قەلبىگە پۈكتى، پىچاننىڭ ھەربىر بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدا ئۇنىڭ ئېگىلمەس ـ سۇنماس سىيماسى قالدى، ئۇ باش بولۇپ ئالغا سىلجىتقان خەلق تۇرمۇشى تۈرلىرىنىڭ ھەممىسى جانلىق ئەمەلىيلەشتى، شۇ جايدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش مۇھىتى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى.

### ■ خۇنەن بىلەن شىنجاڭدىكى ئاممىنىڭ قەلبىنى تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇش

يىن لىشىن بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى زۇبەيدە ئىمىر تۇنجى قېتىم 2014 ـ يىلدىكى «قىزىل ئانار مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى سەپىرى» شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلارنىڭ پۇل ئىئانە قىلىپ ئوقۇشقا ياردەم بېرىش پائالىيىتى نەق مەيدانىدا ئۇچراشقان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، زۇبەيدە ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشىدا زور ئۆزگىرىش يۈز بەردى، ئەرزان ئىجارىلىك ئۆيىنى ماسلاشتۇرۇپ بەردى، ئىككى بالىنىڭ ئۆگىنىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلدى، زۇبەيدەنىڭ ئانىسىنىڭ خىزمەت تېپىشىغا ياردەم بەردى... يىن لىشىننىڭ ياردەم بېرىشى، يۆلىشىدە زۇبەيدەنىڭ ئائىلىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

ياردەمگە ئېرىشۋاتقان جايدىكى ئاممىنى تۇغقىنى دەپ بىلىپ، ئالتە يىلدىن بۇيان، يىن لىشىن ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق «خۇنەن ـ شىنجاڭ ئىككى جاينىڭ مۇھەببىتى» ۋە «خېڭياڭ ـ پىچان بىر ئائىلە كىشىلىرى» دېگەن چىن ھېسسىياتقا تولغان ھېكايىلەرنى يېزىپ چىقتى.

«قىزىل ئانار مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى سەپىرى» شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلار پۇل ئىئانە قىلىپ ئوقۇشقا ياردەم بېرىش پائالىيىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز قانات يايدۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ياردەمگە ئېرىشكۈچى جايلاردىكى بارغانسېرى كۆپ ئامما شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلار، ئىختىساسلىقلارنىڭ ياردىمىدە يېڭى تۇرمۇشنى باشلىدى.

شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، يىن لىشىن خۇنەن ئۆلكىسى خېڭياڭ شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشىنى پائال قولغا كەلتۈرۈپ، نىشانلىق ياردەم بېرىدىغان جايلارنى قوللاش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز زورايتتى. يىن لىشىن مۇنداق دەپ قارىدى: جەزمەن قان بېرىش بىلەن قان ئىشلەشنى بىللە ئېلىپ بېرىش شەكلىدىكى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشتە چىڭ تۇرغاندىلا، ئاندىن ياردەمگە ئېرىشكۈچى جايلاردىكى ئاممىنى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمىدىن ئەڭ زور دەرىجىدە بەھرىلەندۈرگىلى بولىدۇ.

«شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئالتە يىلدا، بۇ يەردىكى خەلق مېنى كۆپ تەسىرلەندۈردى. ھەر قېتىم شۇ جايدىكى ئاممىنىڭ ماڭا سىز خۇنەندىن كەلگەن ‹ئوغۇل بالا› دېگىنىنى ئاڭلىغىنىمدا، مەن سىڭدۈرگەن بارلىق ئەجىرلىرىمنىڭ ئەرزىيدىغانلىقىنى ھېس قىلىمەن» دېدى يىن لىشىن.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)